

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

# ليۇ جىدەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

شياۋلى

# ليۇ جەن

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەجەرگۈل قاسىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

刘志丹/小丽编著；艾吉尔古丽·哈斯木译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.6(2007.4重印)
(少年红色经典)
ISBN 978-7 - 228 - 10130-6

Ⅰ.刘… Ⅱ.①小… ②艾… Ⅲ.儿童文学 — 中篇小说革命故事— 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I287.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 048764 号

策　　划：艾克巴尔·艾力
责任编辑：穆纳尔江·托合塔哄
责任校对：阿达来提·买合苏提
米丽古丽·吾布利哈斯木

**刘志丹**（维吾尔文）

艾吉尔古丽·哈斯木　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880 × 1230 毫米　32 开本　6.25 印张　2 插页
2006 年 7 月第 1 版　2009 年 2 月第 2 次印刷
印数：4061—8060

ISBN 978 - 7 - 228 - 10130 - 6　定价：11.00 元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2004 年 9 月第 1 版,2004 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئادالەت مەخسۇت
مېھرىگۈل ئوبۇلقاسىم

# لىيۇ جىدەن

تەرجىمە قىلغۇچى : ھەجەرگۈل قاسىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 6.25 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 4061——8060
ISBN 978 — 7 — 228 — 10130 — 6
باھاسى : 11.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ
مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە-
لەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى تۈركۈم-
دىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلە-
رىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر.
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل
جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھ-
رىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى
ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى
چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىز-
لىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مە-
نىۋى تۇۋرۇكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلى-
كىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان
قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ
ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈل-
دى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پارا-
سىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك،
ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەش-
ۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

سائدا ھەم كۆچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، تۇقۇ-
نۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى
ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىل-
لىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسوناژلار-
نىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ
ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل
تۈرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار
ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجا-
دىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېڭىلىق تۈيغۇسى ۋە ئوقۇش-
چانلىقىنى ئېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدى-
لىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇس-
لۇبىدىن ئۆزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ،
ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستې-
تىك رولغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلا-
بىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرى-
مانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد،
بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق
تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم،
ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ
چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىن-
لىشىش، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىن-
قىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۈز-
لۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈ-
مىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................ 1
شىجائەت ياشقا باقمايدۇ ........................ 4
دېھقانلارنىڭ قوزغىلىشىمۇ تەس ........................ 13
يولىن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش ........................ 18
يولىندە ئۆسۈپ يېتىلىش ........................ 26
دەرس تاشلاش ھەرىكىتى ........................ 35
ئەپچىللىك بىلەن يول خىراجىتى ھەل قىلىش ........................ 43
ما خۇڭكۇي قوشۇنىنى ئىتائەت قىلدۇرۇش ........................ 49
قىزىل بايراق قوللارنى قوزغاتتى ........................ 55
شىئەندىن ئەپچىللىك بىلەن چىقىش ........................ 62
قوراللىق كۈرەشنى قايتىدىن پىلانلاش ........................ 67
تۈەن كوماندىرى سايلاش ........................ 75
ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........................ 85
بىنشەن ناھىيىسىدىكى پاجىئە ........................ 94
ئۈزۈلمەس رىشتە ........................ 101
قازانسىز ئېتىلگەن تاماق ........................ 106
پاخال ئادەم ھىيلىسى ........................ 110
پاختىلىق كىيىمنى قولغا چۈشۈرۈش ........................ 115
«خولېرا » كەلدى ........................ 119
گو باۋچۈەننىڭ باش ئېگىشى ........................ 126
قوراق چاپان ........................ 135

سەپداشلىق مېھرى ........................ 141
ياڭجيايۈەندىكى ئۇرۇش ........................ 148
كۆكتىن چۈشكەن قوشۇن ........................ 152
تۇمان ئىچىدە ........................ 159
چىقىپ قىزىل قۇياش، تارىدى تۇمان ........................ 166
رەئىس ماۋ زېدۇڭغا پاختىلىق ئاياغ تىكىش ........................ 172
ئەما ئانىنىڭ تۇغقان «يوقلىشى» ........................ 178
ئۆزىنى سولاتقۇزۇش ........................ 182
سۆيۈملۈك ئوغلان، نامىڭ ئۆچمەيدۇ ........................ 187

# مۇقەددىمە

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، ئۆگىنىش جىددىيلىكىدىن
كېيىن، قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر بىلەن تونۇشۇپ چى-
قىشنىڭ توغرا كىشىلىك ھايات قارىشى تىكلەش، ئېسىل پەزىلەت
يېتىلدۈرۈشكە ناھايىتى زور پايدىسى بار. مەن ساۋاقداشلار بىلەن
پاراڭلىشىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ساۋاقداشلارنىڭ
ليۇ جىدەن ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىكەن، بۇ ھەق-
تىكى چۈشەنچىسى ليۇ خۇلەن، دۇڭ سۇنرۇيلەر ھەققىدىكى ھې-
كايىلەردەك تونۇشلۇق ئەمەس ئىكەن، ئۇنداقتا، مېنىڭ بۇ ھەق-
تىكى بايانلىرىمدىن قەھرىمان ليۇ جىدەنىنىڭ قانداق قىلىپ
شىمالىي شەنشى ئېگىزلىكىدىكى ئادەتتىكى بىر بالىدىن نۇرغۇن
جەبىر ـ جاپالارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ مىللىي قەھرىمان بولغان-
لىقى، شۇنىڭدەك شىمالىي شەنشى ئېگىزلىكىدىكى بىر بايراقتا،
شەنشى، سىچۈەندىكى سەككىز مىليون خەلقنىڭ پەخرىگە ئايلان-
غانلىقى، نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ ئۇنى «ئام-
مىنىڭ يولباشچىسى، مىللەتنىڭ قەھرىمانى» دېگەنلىكىنى،
يولداش جۇ ئېنلەينىڭ ئۇنى «چىقتى قەھرىمانلار تالاي بەش يۈز
مىڭ يىلدىن بۇيان، خەلق قەھرىمانلىرى ئىچىدە بار بىزنىڭ
ليۇجىدەن» دېگەنلىكىنى بىلىشنى خالامسىلەر؟ مەن تولۇپ تاش-
قان قىزغىنلىق ۋە چەكسىز ھۆرمىتىم بىلەن ليۇ جىدەن ھەق-

قىدىكى ھېكايىنى سۆزلەشكە رازى.

شىمالىي شەنشى ئېگىزلىكىدىكى لوخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى باۋئەن ناھىيىسىدە جىنتاڭ دەيدىغان بىر بازار بار. بۇ دەستۇرلاردا نامى كۆرسىتىلمىگەن بىر بازار. بۇ بازاردا ليۇ فامىلىلىك بىر ئائىلىلىك بار. بۇ ئائىلە نامدار ئائىلىلەردىن ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما كىيىم - كېچەك، ئاشلىق - تۈلۈكتىن غەم قىلمايدىغان ھاللىق ئائىلىلەردىن ئىدى. مانا مۇشۇ ئائىلىدە 1903 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى (دېھقانلار كالېندارى ھېسابىدا) كېچىدە، كۈز شاملى چىقىپ، گۈيخۇا گۈللىرىنىڭ ھىدىنى ھەممە ياققا تاراتقاندا، بىر ھاياتلىق بۇ ئالەمگە ئاپىرىدە بولدى. ئۇ ليۇ جىدەن ئىدى. ليۇ جىدەننىڭ تۇغۇلۇشى ليۇ ئائىلىسى ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىدى. چۈنكى ئۇلار بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم چىققانىدى. پۈتۈن شىمالىي شەنشى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، ليۇ جىدەننىڭ تۇغۇلۇشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش بولدى. چۈنكى بۇ بوۋاق چوڭ بولغاندىن كېيىن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، زومىگەر، بۇلاڭچىلارغا قارشى ئاتلاندى، شىمالىي شەنشى ئېگىزلىكىدە ئاجايىپ ئىشلارنى تەۋرىتىپ، بۇ رايوننىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. بىراق، ليۇ جىدەن تۇغۇلغان چاغدا، ھېچكىم بۇنى تونۇپ يېتەلمىگەنىدى. پومېشچىك بايلار بۇ بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايتتى، ئۇلار يەنىلا كەمبەغەللەرنى بوزەك قىلىپ، ئۆزى بىلگەننى قىلىشاتتى. ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتقان كەمبەغەللەرمۇ بۇ جاراڭلىق ئاۋازنى ئاڭلىمىغانىدى، ئۇلار تاۋۇز چاغىنىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا غەم قىلىشاتتى.

ليۇ جىدەننىڭ بوۋىسى ليۇ شىجې ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ

نەۋرىسىگە جىڭگوي دەپ ئىسىم قويدى، زىدەن دەپ ئاتىدى. بۇنداق چىرايلىق ئىسىمنى قويغاندا، بوۋىسى سۆيۈملۈك نەۋرىسىنىڭ بۇ دۇنيادا پەقەت قىسقىغىنا ئوتتۇز نەچچە ياز ۋە باھارنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى؛ بۇنداق مەدەنىيەتلىك ئىسىمنى قويغاندا، يۈزلىرى قىپقىزىل بۇ بوۋاقنىڭ كەلگۈسىدە جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى، جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىغا ئىسمىنىڭ مەڭگۈگە يېزىلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

ئەتىسى، تاۋۇز چاغىنى بولدى، ھەممە ئادەم ئاي تاماشىسى قىلىۋاتقاندا، ليۇ جىدەن شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. تولۇن ئاينىڭ ئاپئاق شولىسى دېرىزىدىن كىرىپ، پېشانىسىگە بىر ئۆمۈر تىنىم تاپماسلىق پۈتۈلگەن بۇ بالىنى پەپىلەپ: «ئۇخلىغىن، قوزام، ئۇخلىغىن، نۇرغۇنلىغان كۈرەشلەر سېنى كۈتۈپ تۇرماقتا!» دېگەندەك قىلاتتى.

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# شجائەت ياشقا باقمايدۇ

ليۇ جىدەن بوۋىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

بوۋىسىمۇ ئۆزىنىڭ ناھايىتى ياخشى بىر نەۋرىگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئوقۇتقۇچىلىقتىن كېلىپ چىققان بوۋىسى بىلىمى مول، ناتىق كىشى ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلەش بىلەن بىرگە، ئۆز بالىسىنى تەربىيىلەشنى تېخىمۇ خالايتتى. ئازراقلا ئارام تېپىپ قالسا، جىدەننى يېتىلەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن كلاسسىك شېئىرلارنى ئۆگىتەتتى، قەدىمكى قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى. بوۋىسى ھېكايىنى ناھايىتى تەپسىلىي، ھېسسىياتلىق سۆزلەيتتى، سۆزلەپ تەسىرلىك جايلارغا كەلگەندە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. نەۋرىسى ناھايىتى ئەستايىدىل ئاڭلايتتى، بەزى جايلىرىغا كەلگەندە بىر جۈپ سەبىي كۆزىنى بوۋىسىغا تىككىنىچە ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتەتتى، بەزىدە خۇددى ئارقىمۇئارقا ئېتىلغان زەمبىرەككە ئوخشاش، بوۋىسىدىن توختىماي سوئال سورايتتى. جىدەن سورىغان سوئاللارغا بوۋىسى جاۋاب بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى ئۇ سورىغان سوئاللار ھېكايىدىكى بوۋىسى سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان مۇھىم ئىدىيە ئىدى، شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ليۇ جىدەن كىچىكىدىنلا پىكىر يۈرگۈ-

زۇشكە، كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر ئىدى.

ليۇ جىدەننىڭ بوۋىسى سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇ جىدەنگە بەگزادىلەر، ئالۋاستىلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى كەمدىن ـ كەم سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇ كۆپ ھاللاردا ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەققانىيەتنى ياقلاش يولىدا ھېچنېمىدىن قورقماي، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرغانلىقى ھەققىدىمۇ توختىلاتتى، بۇلار ليۇ جىدەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. بوۋىسى ليۇ جىدەنگە كلاسسىك شېئىرلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، لى شېننىڭ «تېرىدۇق يەر پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا، چىلىق ـ چىلىق تەرلەر تۆكۈپ ئېتىزغا، كىملەرگە ئاياندۇركىنتاڭ، بۇردا ناننىڭ كەلگىنى كۆرمىڭ جاپادا» دېگەن مىسرالىرى، شۇنىڭدەك «تېرىلىسمۇ يەر ـ نىڭ ھەممىسى، قالدى دېھقان ئاچ ـ يالىڭاچ. كەتسەڭمۇ يىراقلارغا، قۇتۇلمايسەن ئالۋان ـ سېلىقتىن» دېگەندەك زامانلاردىن بېرى خەلق ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن نەمۇنىلەر بار ئىـ ـدى. بۇ شېئىرلارنى ئوقۇشنى ليۇ جىدەنمۇ ناھايىتى ياخشى كۆ ـ رەتتى، بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغاندا پات ـ پات قوشۇممىسىنى تۈرۈپ خىيالغا پاتاتتى. ئۇ ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن نۇرغۇن ھېكا ـ يىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالغان، شۇنىڭدەك بەزى ئىشلارنىمۇ كۆڭ ـ لىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

جىدەننىڭ ئائىلىسى شىمالىي شەنشىدە ھاللىق ئائىلىلەر قاتارىغا كىرەتتى، بىراق، جىدەن ئارىلىشىدىغان باللارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى ئىدى، بۇ باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كۈن بويى جاپالىق ئىشلەپ، ھېرىپ ـ چارچاپ ھالىدىن كەتسىمۇ، بىرەر ۋاخ تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيدىغانلىقىـ ـنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن جىدەننىڭ قەلبىدە ئۇلارغا نىسبەتەن

ھېسداشلىق قوزغىلىدۇ، تەڭسىزلىكتىن كاللىسى گاڭگىرايدۇ. پۇلدارلار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ توققۇزى تەل، ھېچنېمىدىن غېمى يوق بولسىمۇ، يەنىلا پۇقرالارنى بولۇشىچە خارلايدىغانلىقىنى كۆرگەن جىدەن، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىغان بۇ ياۋۇزلار يوقىتىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىلسە، خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۇرگىلى، كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك غېمىدىن خالاس قىلغىلى، باشقىلارنىڭ ھاقارەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

جۇڭگو تارىخىدا بۇرۇندىنلا «ئېسىلزادىلىك ـ پەسلىك، باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنى يوقىتىش» دەيدىغان ئىدىيە بار. ھەربىر فېئودال خانلىقنىڭ ئالمىشىشى، گۈللىنىشى، خاراب بولۇشى كۆپ ھاللاردا يەرلەرنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بارغانسېرى جەمئىيەت كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. خەلق ئارىسىدا، بايلارنى بۇلاپ، كەمبەغەللەرنى يۆلەش ئىدىيىسىنىڭ يىلتىزى تولىمۇ چوڭقۇر ئىدى. بوۋىسىنىڭ سەممىي تەربىيىسى، ئۆزىنىڭ كۆزىتىش داۋامىدىكى تەسىراتى، شۇنىڭدەك لىۇ جىدەندىكى تەبىئىي تالانت، ئاق كۆڭۈللۈك ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە بولغان چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە زوراۋانلىققا قارشى قەتئىي ئىرادە يېتىلدۈردى.

لىۇ جىدەن بىلەن بوۋىسىنىڭ كۆڭۈللىرى بىر ـ بىرىگە مايىل ئىدى، بىراق دادىسى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۈشەنچە جەھەتتە ئىختىلاپ بار ئىدى.

لىۇ جىدەننىڭ دادىسى لىۇ پېيجىمۇ ئوقۇغان كىشى بولسىمۇ، كىتابنى ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك يار تۇتۇشنى خالىمىدى. «قەلەمنى

تاشلاپ، ئەلەمنى قولغا ئېلىش» ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىش ئىرادىسى ئىدى. ليۇ پېيجى قەلەمنى تاشلىغاندىن كېيىن ئەلەمنى قولغا ئالماي، سودا بىلەن شۇغۇللاندى. سودا بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭمۇ زىيىنى يوق، قەدىمكىلەر: «ئەزىمەت مال - دۇنياغا ئامراق، ھالال يول بىلەن دۇنيا يىغار» دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتقان. ليۇ پېيجىنىڭ سودىغا خېلىلا ئېپى بار ئىدى، سودىدا ئىشلىرى ئوڭغا تارتىپ، بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا، ليۇ ئائىلىسىنىڭ مال - مۈلكى خېلىلا زورىيىپ قالدى، كوچىدا ليۇ ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى پەيدا بولدى، ئېتىزلىرىمۇ بىر - بىرىگە چېتىلىپ كەتتى، غەللىدىكى تەڭگىلەرنى ساناۋاتقاندا، ليۇ پېيجىنىڭ چىرايىدا كۈلگەن بىلەن كۈلمىگەننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىپادە پەيدا بولىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ليۇ پېيجى پۇللۇق بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتسە بولاتتى، بىراق ئۇ كىچىككىنە پۇل تاپسىلا قانائەت ھاسىل قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ پۇلى بولسا، باشقىلارنىڭ پۇلى ئۇنىڭكىدىنمۇ كۆپ، شۇڭا، ئۇ ھازىرچە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كۈلەلمەيدۇ.

بىلىمنىڭ چېكى يوق، بايلىقنىڭمۇ ھەم. ليۇ پېيجى قانائەت ھاسىل قىلسا بولمايتتى، چۈنكى ليۇ ئائىلىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، ليۇ پېيجىدىن نەچچە ھەسسە باي بىر پومېشچىك بار، ئۇنىڭ ئىسمى جاڭ خۇڭرۇ. جاڭ ئائىلىسىنى نامى بار ئائىلىلەردىن دېيىشكە بولاتتى، بۇ ئائىلىدىكىلەر نەچچە ئەۋلاد ئەلەم ۋە قەلەم بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئائىلىدىكى ئەركەكلەرنىڭ تولىسىنىڭ قولىدا ھوقۇقى بار ئىدى. ھوقۇقتىن پۇل تاپقىلى بولىدۇ، پۇل ئارقىلىق ھوقۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ، جاڭ ئائىلىسىدە ھوقۇق بولۇپلا قالماي، پۇلمۇ كۆپ، ئالتۇن - كۈمۈش،

مال ـ ۋارانلارنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايدۇ. ھوقۇق ۋە پۇل بول-غاندىكىن، كىبىرلىك ۋە زومىگەرلىك پەيدا بولىدۇ. جاڭ ئائى-لىسى شىمالىي شەنشىدە نامى بار زومىگەرلەردىن ئىدى، پۇقرالار بۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرگە چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى، ئۇلارنى چايناپ پۈركۈپ، تېرىلىرىنى تەتۈر سويۇۋەتسىمۇ ئاچچى-قى چىقمايتتى، بىراق بۇلارنى نېمە قىلغىلى بولسۇن؟

لىيۇ پېيجى جاڭ خۇڭرۇ ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ گۈللى-نىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەۋەس قىلاتتى، ئامال تېپىپ جاڭ خۇڭرۇ بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ يەنە لىيۇ جىدەنىمۇ جاڭ خۇڭرۇنىڭ ئوغلى جاڭ تىڭجى بىلەن يېقىن ئۆتۈشكە ئۈندەيتتى. بۇنداق بولغاندا، ئىككى ئارىدا ئازراق بولسىمۇ يېقىنچىلىق پەيدا بولاتتى. ئەپسۇس، ئۇ چوتنى خاتا سوققانىدى، ئۇنىڭ خاتالىقى ئۆز ئوغلىنى چۈشەنمىگەنلىكىدە بولدى.

لىيۇ جىدەن ھەممىدىن بەك جاڭ خۇڭرۇغا ئوخشاش قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان مەخلۇقلارغا ئۆچ ئىدى، يەنە كېلىپ، جاڭ تىڭجى دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتى، ئۇ ئۆزىنىڭ جاڭ ئائىلىسىدىن تۇغۇلغىنىدىن خۇشال ئىدى، بۇ ئائىلىدە كۈنلىرى باياشات ئۆتەتتى، خالىغان ئەسكىلىكنى قىلاتتى، جازاسىنى تارتمايتتى. بۇ ئىككىسى بىر يەرگە كەلگەندە «دوستلۇق»تىن ئې-غىز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

لىيۇ جىدەن بىلەن جاڭ تىڭجىنىڭ ئارىسىدا ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق يېقىنلىق يوق ئىدى، چۈنكى لىيۇ جىدەن ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىدىن جاڭ تىڭجى بىلەن سالاملاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئۇچرىشىشىنى تاسادىپىي ئۇچرىشىش دېيىشكە بولاتتى، ھەر قې-تىمدا چوڭ سۈركىلىش بولاتتى.

جاڭ تىڭجىنىڭ يېشى چوڭ بولمىغىنى بىلەن، مىجەزى ئەس-

كى ئىدى، قىزلارنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ ئارام بەرمەيتتى، بۇنداق چاغلاردا ليۇ جىدەنگە ئۇچراپ قالسا، تازا دۆشكەلەپ قوياتتى. بىر كۈنى، جاڭ تىڭجى ليۇ جىدەننى تازا بىر ئۇرۇپ ئۆچىنى ئالماقچى بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ باللىرىنى يىغدى، كىم بىلسۇن، ليۇ جىدەننىڭ كەمبەغەل باللار ئارىسىدا خېلىلا ئىناۋىتى بار ئىدى، قولىنى شۇنداق پۇلاڭلىتىپ قويۇش بىلەن بىرمۇنچە بالا ھازىر بولدى. جاڭ ئائىلىسىنىڭ «قوشۇنى» كېلىش بىلەن، جىدەننىڭ دوستلىرى ئۇلارنى ئۇرۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى، ئۇلار خۇددى ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاندەك پىتىراپ قاچتى. شۇ ئەمەسمۇ، جاڭ ئائىلىسىدىكى ئاق نانچىلار قانداق قىلىپ ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئاتا ـ ئانىلىرىغا قارىشىپ ئېتىز بېشىدىن كەلمەيدىغان، قاۋۇل چوڭ بولغان دېھقان باللىرى بىلەن تەڭ بولالىسۇن. بولۇپمۇ جاڭ تىڭجى تاياق زەربىسىدىن يۈز ـ كۆزلىرى كۆكىرىپ، تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

جاڭ تىڭجىنى ئەدەپلىگەندىن كېيىن، ليۇ جىدەننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، بىراق ئۇنىڭ دادىسى ليۇ پېيجىننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، قاتتىق ئاچچىقلاندى:

— جاڭ باشلىقنىڭ بالىسىنىمۇ ئۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ چوڭ بالا تېرىدىڭ، بول، مەن بىلەن ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ كەچۈرۈم سورىغىن.

ليۇ جىدەن نەدىمۇ ئۇنىسۇن، ئۇ غەزەپ بىلەن:

— مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ، ئۇ ئۇچىغا چىققان ئەسكىدىن كەچۈرۈم سورىمايمەن، — دېدى.

ئاتا ـ بالىنىڭ تالاش ـ تارتىشى بوۋىسى ليۇ شىجيېنى بۇ ماجىراغا سۆرەپ كىردى. بوۋىسى غۇرۇرلۇق كىشى ئىدى، ئۇ بۇ ئىشتا نەۋرىسى تەرەپتە تۇرۇپ، ليۇ پېيجىنگە تەنبىھ بەردى:

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com